
مىللىتىمىز تۈرك، دىنىمىز ئىسلام، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان




# شەرقىي تۈركىستان

ŞARKİ TÜRKİSTAN (DOĞU TÜRKİSTAN)

AYLIK SİYASİ GAZETE —— ئايلىق سىياسىي گېزىت

«ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان نەشرىيات مەركىزى» نەشر قىلدى

1994

10 - ئاي

5 - سان

EKİM 5. SAYI


## تۈركمەن ئالىپ تېكىن قازاقىستان، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدە زىيارەتتە بولدى

«بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتى»، ياۋروپا شەرقىي تۈركىستانلىقلار بىرلىكىنىڭ رەئىسى ئەركىن ئالىپ تېكىن 1994-يىل 9-ئاينىڭ 16-كۈنىدىن 22-كۈنىگىچە قازاقىستان، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدە ئىككىنچى قېتىم زىيارەتتە بولدى. ئەركىن ئالىپ تېكىن ئىككى يىل بۇرۇنقى زىيارىتىدە بۇ جۇمھۇرىيەتلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپچىلىكى بىلەن ئۇچرىشالمىغان ئىدى. بۇ قېتىمقى زىيارەت ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى جەمئىيەت ۋە بىرلىك ئەزالىرى، رەھبەرلىرى، ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە بىلىم ئا-



دەملىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتى ۋە ھەممىسى ھال سورىدى. بۇنىڭدىن خۇشال بولغان ۋەتەنداشلار ئەركىن ئالىپ تېكىنگە چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈردى. ئەركىن ئالىپ تېكىن، بۇ مېنىڭ مىللىي، دىنىي ۋە ۋىژدانىي بۇرچىم دەپ ئېيتتى. (داۋامى 3-بەتتە)

## تارىخىي ئۇچۇرشۇش

بۇ يىل 9- ئاينىڭ 9- كۈنى تۈرك دۇنياسىنىڭ ئىككى بۈيۈك لىدەرى ئەيسا يۈسۈپ ئالىپ تېكىن بىلەن مۇستافا جەمىل ئوغلى ئىستانبۇل بوغىزىدا ھۆرلۈك ئىچىگە چۆمگەن ھاۋا باھار روزگارى، نامىلىق كېمە ئۈستىدە كۆرۈشتى. كېمىنىڭ ھەر تەرىپىگە ئېسىلغان شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقى، قىرىم تۈركلىرىنىڭ تاغاق تامغىلىق (داۋامى 3-بەتتە)



## ئاۋستىرالىيە تۈركىستانلىقلار جەمئىيىتىنىڭ 2-قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلدى




ئاۋستىرالىيە تۈركىستانلىقلار جەمئىيىتىنىڭ 2- نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى 1994- يىل 5- ئاينىڭ 1- كۈنى ئادېلايد شەھىرىنىڭ كىلىمەنس پلائىنس ئىسلام مەركىزىدە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. قۇرۇلتايدا جەم

داۋامى 3-بەتتە

## گېرمانىيىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلار لى پېڭغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزدى




ئۆز خەۋىرىمىز: بۇ يىل 7-ئاينىڭ 7-كۈنى «شەرقىي تۈركىستان ياۋروپا بىرلىكى»، گېرمانىيىدىكى «تىبەتنى قوللاش گۇرۇپپىلىرى» ۋە خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، مۇنىخ شەھىرىدە، گېرمانىيىدە زىيارەتتە بولۇۋاتقان خىتاي باشلىقى لى پېڭغا قارشى بىرلەشمە نامايىش ئۆتكۈزدى. نامايىشچىلار دۆلەت مېھمانخانا بىناسى ئالدىغا توپلىنىپ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان، تىبەتتە يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت زوراۋانلىقىنى توختىتىشنى، ئۇيغۇر، تىبەت خەلقىگە ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى بېرىشنى قاتتىق تەلەپ قىلدى. بۇ نامايىشقا شەرقىي تۈركىستان، تىبەت داۋاسىغا يېقىندىن ئالاقە كۆرسىتىۋاتقان يەرلىكلەردىنمۇ قاتناشتى. (داۋامى 3-بەتتە)

## گېرمانىيىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلار لى پېڭغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزدى

(بېشى 1-بەتتە)

لى پېڭ شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەتلىك ھۆرىيەتپەرۋەر نامايىشچىلارغا كۆرۈنۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، دۆلەت مېھمانخانا ئىچكىگە يېنى ئىشىكتىن كىرىشكە مەجبۇر بولدى. نامايىشچىلاردىن چۆچىگەن لى پېڭ زىيارىتىنى داۋام قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي، زىيارىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا دۆلىتىگە تىكىۋەتتى.

لى پېڭغا قارشى بۇ نامايىشنى گېرمانىيىنىڭ گېزىت، رادىئو، تېلېۋىزور قاناللىرىدا مۇھىم خەۋەر قىلىپ بەردى. مۇنىخ شەھەر باشلىقى جەھرىستان ئودا نامايىش بولۇۋاتقان جايغا كېلىپ، شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا سەمىمىي ئىلتىپات بەردى.

«ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى»نىڭ مائاۋىن باش سېكرېتارى ئەسقەرجان گېزىت، تېلېۋىزور مۇخبىرلىرىغا قىلغان باياناتىدا، لى پېڭ يالغۇز تىبەتتىلا ئەمەس ھەركەتنى باستۇرغان ئەن نۇر بولغاندىن ئەينى ۋاقىتتا شەرقىي تۈركىستان، تىبەتتىكى ئىنسان قىلمىشلىرىدىن چىققان سىياسەتلەرنى پەيلالىغۇچىدۇر. بۇنداق بىر جىنايەتچى بىلەن مىزانسۇيەت قىلىش، ئۇنىڭ قولىدا ئۆلگەن بىچارە ئىنسانلارنىڭ روھىغا ئاھانەت قىلغان بولىدۇ، دېدى.

## ئەركىن ئالپ تېكىن قازاقىستان، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدە زىيارەتتە بولدى

(بېشى 1-بەتتە)

ئەركىن ئالپ تېكىن زىيارەت مەزگىلىدە قازاقىستان، قىرغىزىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قازاق، قىرغىز قېرىنداشلارغا ئوخشاش قاراپ ئۇلارنىڭ ھەقۇقۇقىغا ھۆرمەت قىلىپ، دەخلى-تەرۇز يەتكۈزمەسلىكىدىن ناھايىتى مەمنۇن بولدى. ئۇ يەنە بۇ جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئۆز قېيىنچىلىقلىرىغا قارىماي ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ، مەدەنىيەت ۋە ئانا تىلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى قەيت قىلدى.

ئەركىن ئالپ تېكىن ئۇيغۇرلارمۇ قازاقىستان، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنى ئۆز يۇرتى دەپ بىلىپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشى كېرەك دەپ تەۋسىيە قىلدى.

زىيارەت ئاخىرىدا، ياۋروپا شەرقىي تۈركىستانلىقلار بىرلىكىنىڭ رەئىسى ئەركىن ئالپ تېكىن ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە بۇ جۇمھۇرىيەتلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ ياخشىلاش؛ ئىنسان ھەقلىرى قوپال دەپسەندە قىلىنىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان ئاۋازىنى دۇنياغا تېخىمۇ كەڭ ئاڭلىتىش توغرىسىدا «ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەتلەرئارا ئىتتىپاقى» بىلەن كېلىشىم بايان قىلدى.



ئەركىن ئالپ تېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ «دۆلەتلەرئارا ئىتتىپاقى» رەئىسى قەھرىمان غوجامبەردى ئوغلى بىلەن بىرگە.

## شەرقىي تۈركىستان خىتاي تېررىتورىيىسىمۇ؟

بېشى 2-بەتتە

يۇقىرىقى تارىخ ۋە رېئال ئەھۋاللار بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدىكى، شەرقىي تۈركىستان خىتاي تېررىتورىيىسى ئەمەس، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتايلار شەرقىي تۈركىستان خىتايلىرىنىڭ «بىر قىسمى» دېيىشنىڭ ئاساسى بولالمايدۇ. ئۇ تارىختىكى كىچىك بىرنەچچىلىك بىلەن بۈگۈنكى كۆچمەنلەرنىڭ يۈرگۈزۈش سىياسىتىنىڭ مەھسۇلى. خىتايلارنىڭ تەرغىب قىلىۋاتقىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆز تېررىتورىيىسىگە ئۆزى ئىگە بولۇپ مۇستەقىل ياشىغان تارىخىي پاكىتنى ئىنكار قىلىش، دۇنيا جامائەتچىلىكىنى ئالداشتىن ئىبارەت. ئىشىنىمىزكى، بۇ خىل سەپسەتىلەرھە قىلغۇچى ئىنسانپەرۋەر خەلق تەرىپىدىن چوقۇم چۆرۈپ تاشلىنىدۇ.

## ئاۋستىرالىيە تۈركىستانلىقلار جەمئىيىتىنىڭ 2-قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلدى

بېشى 1-بەتتە

يەت رەئىسى ئەخمەت ئىسمەمبەردى خىزمەت دوكلاتى بەردى. يېڭى ئىدارە ھەيئەت رەھبەرلىرى بىلەن يېڭى ئەزالار ئىسىملىكى ئېلان قىلىندى.

خىزمەت دوكلاتىدا، جەمئىيەت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئىشلىگەن خىزمەتلەر يەكۈنلەندى. ھەمدە مۇنداق كۆرسەتتى: «ئىككى يىل ئىچىدە، جەمئىيىتىمىز نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى گىللەس پلائىنس ئىسلام مەركىزىدە تۈركىستان مەكتىپى قۇرۇلۇپ رەسمىي ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. بۇ قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ چوڭ نەتىجىمىز.»




قۇرۇلتاي، ئاۋستىرالىيەدىكى تۈركىستانلىقلار مەسىلىسى ئۈستىدە مۇنازىرە ئېلىپ بېرىپ، ئادەتلەرنى ساقلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆز ئارا دوستلۇق، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەتنىڭ خىزمەتلىرىگە قوشقان تۆھپىلىرىنى مەدھىيىلەپ ئۆتتى. بۇندىن كېيىنكى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى مۇنداق كۆرسەتتى: خىتاي ئىشغالىيەتچىلىرىگە قارشى دېموكراتىيە، ئىنسان ھەقلىرى مەۋجۇتلىقىنى تېخىمۇ تونۇتۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئاكتىپ پائالىيەت كۆرسىتىش. قۇرۇلتاي ئەزالىرى، قىزىل خىتاي ھەرقانداق ۋەھشىلىكلەرنى ئىشلىتىپ بارسىمۇ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئەركىنلىك ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەققانىي كۈرىشىنى [illegible] توختىتالمايدۇ دەپ بىردەك ئىپادە بىلدۈردى.

قۇرۇلتاي، جەمئىيەتنىڭ يېڭى سايلانغان ئىدارە ھەيئەت رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكىنى تۆۋەندىكىدەك ئېلان قىلدى:

ئاۋستىرالىيە تۈركىستانلىقلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئەخمەت ئىسمەمبەردى، مائاۋىن رەئىس يولداش غوجا، سېكرېتار ئەسلىخان ھەسەنوۋ، مالىيە ئىشلىرى باشلىقى يۇسۇپ.

يېڭى ئەزالار ئىسىملىكى: روزى سويۇنئوغۇل، ئالىمجان ھەسەنوۋ.

قۇرۇلتاي ئاخىرىدا، قۇرۇلتاي تەرىپىدىن شەرقىي تۈركىستان ئەھۋالى توغرىسىدا ئاۋستىرالىيە دۆلەت ئەرباپلىرىغا ۋە [illegible] لارغا دوكلات سۇنۇشنى قارار قىلدى.



# غەربىي ياۋروپا مەتبۇئاتلىرىدا شەرقىي تۈركىستان



ئۆز خەۋىرىمىز: لى پېڭنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان زىيارىتىدىن كېيىن، غەربىي ياۋروپا مەتبۇئاتلىرىدا شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە كۆپ ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدا، ئوتتۇرا تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى مۇستەقىللىققە ئېرىشكەندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاندا كۈچىيىۋاتقان مۇستەقىللىق داۋاسى، خىتاي ھۆكۈمىتىنى قاتتىق ئەندىشىگە سالغانلىقى بايان قىلىندى.

ئامېرىكىدا چىقىدىغان «Newsweek» ژۇرنىلى لى پېڭنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان زىيارىتى توغرىسىدا بەرگەن بىر ماقالىدا مۇنداق دەيدۇ: «لى پېڭ ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەت باشلىقلىرىدىن مەزكۇر جۇمھۇرىيەتلەردە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ھەركىتىنى چەكلەشنى تەلەپ قىلدى». ماقالىدا يەنە، قازاقىستاننىڭ خىتاي بىلەن ئىشبىرلىكى ئېلىپ بېرىشى ئېھتىمالدىن يىراقتەك كۆرۈنىدۇ. چۈنكى، قازاقىستان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىنى رەنجىتىشنى خالىمىغىنىدەك، شەرقىي تۈركىستاندا ياشاۋاتقان بىر مىليون قازاقنى ئەستىن چىقارمايدۇ دېگەنگە ئوخشاش مەزمۇنلار بايان قىلىندى.

يەنە بىر «Aramca World» ئايلىق ژۇرنىلىدا «تۈركلەرنىڭ بۆشۈگى» دېگەن تېمىدا ئۇزۇن بىر ماقالە بېسىلدى. ماقالىدە شەرقىي تۈركىستان تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە سىياسىي ئىجتىمائىي ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلدى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، غەربىي ياۋروپا مەتبۇئاتلىرىدا يېقىندىن بۇيان خىتايدىن تىجارەتچى، ئىشچى سىياقىغا كىرىۋېلىپ قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيەتلىرىگە كۆپلەپ خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى، ھازىرغىچە بۇ جۇمھۇرىيەتلەرگە كېلىپ يەرلەشكەن كۆچمەن خىتايلارنىڭ سانى 300 مىڭغا يەتكەنلىكى خەۋەر قىلىندى. خەۋەرنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېيىلگەن: خىتاي ھۆكۈمىتى مۇستەقىللىققە ئېرىشكەن ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىمۇ شەرقىي تۈركىستانغا ئوخشاش ئۆز مۇستەملىكىسى ئاستىغا ئېلىش نىيىتىدە، خىتايلارنى كېلىپ يەرلىشىشنى تەشۋىق قىلماقتا.

## جەنۋەدە ئورتاق يىغىن



ئۆز خەۋىرىمىز: قىسقارتىلما ئاتىلىشى «ئونپو» بولغان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتى 94-يىل 8-ئاينىڭ ۶-كۈنى جەنۋەدىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىناسىدا، شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەتتىكى ئىنسان ھەقلىرى توغرىسىدا يىغىن ئۆتكۈزدى. يىغىندا، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى»نىڭ رەئىسى ئەركىن ئالپتېكىن بىلەن تىبەتلىكلەرنىڭ لىدېرى دالاي لامانىڭ ياۋروپا ۋەكىلى گيالتسەن. گيالتاك سۆز قىلىپ، خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندە قىلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى تەپسىلىي ئاڭلاتتى.

ئەركىن ئالپتېكىن مۇنداق دېدى: خىتاي ھۆكۈمىتى تارىختىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىگىسى بولغان ئۇيغۇرلارنى ئازسانلىق ئورۇنغا چۈشۈرۈپ، يوق قىلىش مەقسىتىدە، سىستېمىلىق ئاسسىمىلاتسىيىنى يۈرگۈزمەكتە. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن بايلىقىنى تالان - تاراج قىلسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، خىتاي كۆچمەنلىرىنى كۆپلەپ شەرقىي تۈركىستانغا يەرلەشتۈرمەكتە. ئۇ سۆزىدە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان ئاسسىمىلاتسىيە سىياسىتى خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى ھوقۇقىغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئەركىن ئالپتېكىن ئاخىردا مۇنداق دېدى، بۈگۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقى بىر خىل ۋەھىمە ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ، ئۇلار ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ نەزىرىدىن سىرتتا قالماسلىقى كېرەك.


## دالاي لاما بىل كلىنتون بىلەن كۆرۈشتى

ئۆز خەۋىرىمىز:

تىبەتلىكلەرنىڭ سىياسىي، دىنىي لىدېرى دالاي لاما بۇيىل 4-ئاينىڭ 24-كۈنى ئامېرىكا ۋاشىنگتونغا بېرىپ، بىل كلىنتون بىلەن كۆرۈشتى. دالاي لاما كلىنتون بىلەن كۆرۈشۈشتىن ئىلگىرى، گېزىتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش ئورنىدا مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: «خىتايدا ئىنسان ھەقلىرى ئېغىر دەپسەندە قىلىنىۋاتىدۇ، ئامېرىكا ئۇنىڭغا قاتتىق بېسىم ئىشلىتىشى كېرەك.» دالاي لاما كلىنتون بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، تىبەت، شەرقىي تۈركىستان ۋە ئىچكى موڭغۇلىستاندا ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندە قىلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى تەپسىلىي بايان قىلغانلىقىنى ئېيتتى.

بىجىن دائىرىلىرى كلىنتوننىڭ دالاي لاما بىلەن كۆرۈشكەنلىكىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ، «بۇ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشقانلىق» دېدى.

ئەينى ۋاقىتتا، شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىستان خەلقئارا بىرلىكى»نىڭ رەئىسى بولغان دالاي لاما گېرمانىيىدىكى زىيارەت مەزگىلىدە، گېرمانىيە دۆلەت باشلىقلىرىغا خىتاي بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋەتتە، ئىنسان ھەقلىرى تەشەببۇسىنى ئاچىز لىتىپ قويماسلىقنى تەۋسىيە قىلدى. دالاي لاما زىيارەت مەزگىلىدە يەنە گېرمانىيىدىكى سىياسىي پارتىيە رەئىسلىرى بىلەن ھەمدە پارلامېنت باشلىقى رىتا سۈسمۇت خانىم بىلەن كۆرۈشتى.



بىزمۇ مەكتەپتە ئوقۇيمىز ...!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# تارىخىي پاكىتنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس !

(تەھرىر ئىلاۋىسى : قىزىل خىتاي شەرقىي تۈركىستان تارىخىي ۋە مەدەنىيەت ئىزلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئۆزگەرتىپ، يوق قىلىشقا تىرىشىۋاتىدۇ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇرۇنقى تارىخىي پائالىيەتلىرى توغرىسىدا ساقلىنىپ قالغان تارىخىي ماتېرىياللارنى ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن يوق قىلىپ تاشلىدى. لېكىن، تەبىئەت قانۇنىيىتىنى ئۆزگەرتىش، ئۇنى توراش مۇمكىن ئەمەس. تەبىئەت ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە ئىنسانلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان پائالىيەت ئىزلىرىنى ساقلاپ كەلمەكتە. جۈملىدىن، يېقىنقى يىللاردا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇرۇندىن تارتىپ ئۆز ماكانىدا ياشاپ، پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى توغرىسىدا تۈرلۈك جاي ئىزلىرى، شەھەر-قەلئە خارابىلىرى ۋە قەبرە-يادنامىلىرى تېپىلدى. ئۇ بىزنى قەدىمكى شەرقىي تۈركىستان تارىخى، مەدەنىيىتى ھۆنەر-سەنئىتى ۋە ئىجتىمائىي ئىگىلىكى جەھەتلەردە ئىشەنچلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. بۇنىڭدىن خەلقىمىزنى خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن ئېلىنغان بۇ ماقالىنى دىققىتىڭلارغا سۇنىدۇق.

## ئاتۇشتىن تېپىلغان تاشقا ئايلانغان ئادەم بېشى

ئەتىقىچىلارنىڭ نەزەرىيىسى بويىچە ئېيتقاندا، سۆڭەكنىڭ تاشقا ئايلىنىشقا باشلىشى شەرت-شارائىتلار توغرا بولغاننىڭ سىرتىدا ئون مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت كېتىدۇ.

بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل بۇرۇن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ ئاغۇ يېزىسى ئەتىراپىدىن تاشقا ئايلانغان ئادەم بېشى تېپىلدى. بۇ تاشقا ئايلانغان ئادەم بېشىنى ئارخېئولوگلار تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ئالامەتلەر ۋە ئۇنىڭ تاشقا ئايلىنىش دەرىجىسى، پارقىلىقى جەھەتلەردە تەھلىل يۈرگۈزۈپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئۇنى بۇنىڭدىن ئون مىڭ يىل بۇرۇنقى 18 ياشلىق ئەرنىڭ باش سۆڭىكى، دەپ قارىغان. بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىن ئازدېگەندە ئون مىڭ يىل بۇرۇنلا مۇشۇ زېمىندا ياشاپ تۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ھازىر شەرقىي تۈركىستاندا (« شىنجاڭ » مۇزېيىدا ) تاشقا ئايلانغان ئادەم بېشىنىڭ ماڭلاي سۆڭىكى، چوقا سۆڭىكى، چېكە سۆڭىكى، كېپىنەك سۆڭىكى قاتارلىق يەتتە پارچىسى ساقلانماقتا. بۇ سۆڭەكلەر تۇراشتۇرۇلسا بىر پۈتۈن ئادەم بېشىنىڭ كۆپ قىسمى ئەسلىگە كېلىدۇ.

بۇ باش سۆڭەك تېپىلغان ئورۇندىن يەنە بىر پارچە 40 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قەدىمقى ھايۋاناتنىڭ سۆڭىكى تېپىلدى.

## ئۇيغۇرلار 4000 يىل بۇرۇن ئۆتۈك ئىجاد قىلغان

شەرقىي تۈركىستان كونچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا قەدىمكى دەۋرگە ئائىت بولغان قەبرىستانلىق بار. ئۇنىڭدىكى مەدەنىي يادىكارلىقلار بۇنىڭدىن 3800-6400 يىل بۇرۇنقى ماددىي بۇيۇملار ئىكەنلىكى ئارخېئولوگلار تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان.


بۇ قەبرىستانلىقتىن ئۈستىگە قوش پەيلىرى قاداپ قويۇلغان كىگىز تۇماق، يۇڭ يىپتىن توقۇلغان پالاس، ئاشلانغان تېرىدىن تىكىلگەن ئۆتۈك، يۇمىلاق بۇغداي دانلىرى، ئايال كىشىنىڭ ياغاچتىن ئويۇلغان ھەيكىلى ۋە ھەرخىل يۇڭ توقۇلمىلار تېپىلدى.

خىتاي ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتچىسى ۋاڭ بىڭخۇا بىر قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇغان « كونچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ قېزىلىش ئەھۋالى ۋە بۇ ھەقتە دەسلەپكى مۇلاھىزە » دېگەن ماقالىسىدا مۇنداق بايان قىلىدۇ: « بۇ قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىپادىلىگەن مەدەنىيەت باشقا جاينىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن مەدەنىيەت بولماي، « شىنجاڭ » نىڭ ئۆزىگە خاس، يەرلىك مىللىي ئالاھىدىلىكى بار، ئۇلۇغۋار تارىخىي تۆھپىلەر ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ئىدى. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا بۇ يەردىن تېپىلغان پالاس، شەك-شۈبھىسىزكى، « مەملىكىتىمىز » بويىچە ئەڭ بۇرۇن ئىشلەنگەن گىلەم ئەۋرىشكىسى، بۇ جايدىن تېپىلغان بۇغداي « مەملىكەت » بويىچە ئەڭ بۇرۇن ئۆستۈرۈلگەن يۇمىلاق بۇغداي ئەۋرىشكىسى ھېساپلىنىدۇ...

مىكوۋېننىڭ « ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخى » دېگەن كىتابىدا نىل ۋادىسى، ھىندى ۋادىسى، دىگرىس-يۇفرات ۋادىسى شۇنداقلا خۇاڭخې ۋادىسىدىكى رايونلاردا ياشىغان قەدىمكى كىشىلەر ياغاچتىن ئىشلەنگەن كەش كىيەتتى، تېرە ئۆتۈك كىيمەيتتى، ئۆتۈك ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بولۇشى مۇمكىن، دېيىلگەنىدى. بۇ كۆز قاراش ھازىر مۇشۇ قەبرىستانلىقتا ئىسپاتلاندى. يەنى بۇنىڭدىن 4000 يىل بۇرۇن ئۇيغۇرلار ئۆتۈك دېگەن بۇ ئاياغ كىيىمىنى ئىجاد قىلغان.

دېمەك، بۇ قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىچىدىكى تۆت خىل قەدىمكى مەھسۇلات: بۇغداي، كىگىز، گىلەم، ئۆتۈك ( خۇرۇم ئىشلەش )نىڭ ئىجاد قىلىنىشى قەدىمكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىنسانىيەتكە قوشقان مەشھۇر تۆھپىلىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ تارىخقا يېزىلىشى كېرەك، ئەلۋەتتە.





سۈرەتتىكى كومزەك بىلەن شىرنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن كومزەك ئاغزى تۇرپان خارابىلىقىدىن تېپىلغان. كومزەكنىڭ بېزەكلىرى نېپىز-پەرنۇسخا بولۇپ بۇ دەل كۈيۈجەمەتى ھاكىملىق قىلغان قوچۇ دۆلىتى دەۋرىگە ئائىت.

## « ئەيسا گۇرۇھى » - ئىستىقلالچى دېمەكتۇر

(بېشى ى-بەتتە)

ئىستىقلالچى دېمەكتۇر. بۇ « گۇرۇھ » مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇھاجىرلىرىمىزنىڭ ۋەتەن داۋاسىدىكى بىردەكلىكتىن ئايرىۋېتىلگەن بىر گۇرۇھ ئەمەس. بۇ گۇرۇھ مەملىكەت ئىچى شۇنداقلا تۈركىيە، ياۋروپا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان داۋاسى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بارلىق مۇھاجىرلىرىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان « ئەيسا گۇرۇھى ». شۇڭا، « ئەيسا گۇرۇھى »نى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىنقىلاپ قوشۇنىمىزدىن ئايرىپ، ھەرقايسى تەشكىلات، جەمئىيەت ۋە شەخسلەرگە قارشى قويۇپ چۈشەندۈرۈشتىن ۋە مۇھاجىرلىرىمىزدىكى بىردەكلىككە يامان تەسىر بېرىدىغان گەپ-سۆزلەردىن قاتتىق ساقلىنىشىمىز لازىم.



## يېڭى ئاساسى قانۇن « لايىھەسى »

١٩٩١-يىل ١-ئايدا، ئامېرىكىنىڭ سان فرانسىسكو شەھىرىدە خىتاي، تەيۋەن ۋە شياڭگاڭلىق بىر گۇرۇپ بىلىم ئادىمى فېدېرال خىتاي جۇمھۇرىيەت ئاساسىي قانۇن «لايىھەسى»نى تەييارلاپ، يېقىندا ئېنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلدى.

يېڭى ئاساسىي قانۇن «لايىھەسى»گە ئاساسلانغاندا، فېدېرال خىتاي خۇر، دېموكراتىك فېدېرال بىر جۇمھۇرىيەت شۇنداقلا بىر ھوقۇق دۆلەتتىن تەشكىللىنىدۇ. فېدېرال خىتاي جۇمھۇرىيىتى خىتاي بۆلگىلىرىدىكى شەھەر ۋە ئۆلكىلەردىن تەركىب تاپىدۇ؛ تەيۋەن، تىبەت، شەرقىي تۈركىستان، ئىچكى موڭغۇلىستان، نىڭشىيا ۋە گۇاڭشى قاتارلىق ئۆلكە ۋە رايونلار مۇستەقىل دۆلەت بولىدۇ؛ شياڭگاڭ ۋە ماكاۋ ئايرىم سىياسەت يۈرگۈزىدۇ.

«لايىھە»دە يەنە مۇندا تەكىتلەنگەن، مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئاساسىي قانۇنى بولىدۇ. فېدېرال ھۆكۈمەت فېدېرال جۇمھۇرىيەتچى ئۇنسۇرلاردىن ۋە ئۆز خەلقىدىن بولىدۇ. بۇ جۇمھۇرىيەتلەر چەتئەل دۆلەتلىرى بىلەن ھەربى كېلىشىمىلەرگە ئىمزا قويۇش، خەلقئارا تەشكىلاتلارغا ئەزا بولۇش ۋە چەتئەللەردە تەمسىلچى قويۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ.

## پاجىئە (شېئىر)

ئادەم نەسلى كۆرەي كۈن دەيدۇ،
كۈن نۇرىدىن ياۋلار كۆنلەيدۇ .
يۈرىكىمنى لەختە قان قىلغان ...
بىر پاجىئە يازادەپ ئۈندەيدۇ .

ئىرغاي ماپىلىق كەتمەن قولىدا،
بىر قۇچاق زاغ تۇتۇپ قولىدا ...
چىغىر يولدا كېلەر بىر ئادەم ....
ناخشا ھەمرا ئۇنىڭغا يولدا ....

«تاغلارنى ماكان قىلدۇق ،
باغلاردىن ئورۇن تەگمەي .
قالغان كۈنىمىز مۇشۇ !... ،
رەقىپكە بويۇن ئەگمەي .

ناخشا ئېيتىمەن ئۆزەم ،
ژىغلايدۇ قارا كۆزەم .
يۇرتىمدا مۇساپىرمەن ،
ئۆتمەيدۇ مېنىڭ سۆزەم !»

تىلىم-تىلىم يىرتىق تاپىنى ،
پەتتە يەردىن ياماق چاپىنى .
تاگدىن تارتىپ ئىشلەپ شامغىچە ،
ئېلىپ قايتارتەنە-تاپىنى !...

ئادەم نەسلى بەختنى تىلەپ ،
ئادەم نەسلى ئەركنى كىيەر ...
بىر تويۇشنى بەخت بىلگەنىنىڭ .
بەختى لوپنۇر بويىدا تىنار !

مەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش ئاتۇشلۇق !
ئالتۇن ئاتۇش سۆزى قوزغاي زوق ...
ئىز يۇرتىغا ئۆزى پاتمىسا ..
نىمىدېگەن زورلۇق سىزۇمىزلۇق !

ئاخىر ئۇنىڭ نىمە گۇنايى ...؟
مۇستەقىللىق بولسا مۇددىئايى .
«رۇناق تاپيۇن قۇتلۇق ئېلىمىز»
دېگەنى ئۈچۈن قىلدى سازايى !

ئۇنىڭ يولىن كەستى دەھشەت ئۇن !
قارا قۇيۇن ئىچىدە قوندى تۈن ...
بىزدە ھشەتكە گۇۋا بولۇشنى .
ظالىماستىن پاتتى بەلكىم كۈن ..!

ئاگلا ئالەم ئاتوم يىپىرىلدى !
گۈل گىيالار سۇندى ، قىرىلدى .
قۇم قۇيۇن قاپلاپ پەلەكنى ،
قەبرىلەر مۇچاك - چاك يېرىلدى .

ئوت ئىچىدە قالدى زېمىنى ...
كىم دۇنىقار ئۇنىڭ تەمىنى ..؟
كۆز يېشىنى تۆكۈپ كۆكەرتكەن ،
غازاك بولدى ئۇنىڭ چىمىنى ..!؟

سەن كۆرمىگەن مۇشۇ قالغانتى ،
قۇرۇق ئەمچەك - بەختىڭ يالغانتى ،
يالىڭاچلىق ، ئاچلىقنى بېرىپ ،
ئاشلىغىڭنى تارتىپ ئالغانتى .

ئۆز ئېلىڭگە ، ئۆز كىملىرىڭگە ،
ئېيتالايسەن دەردىڭنى كىمگە ؟!
ئايلاندى يۇرت سىناق مەيدانىغا
بەرگەن بەختى شۇمۇ خەلقىمگە .

ئايلاندى يۇرت سىناق مەيدانىغا ،
زەردەپ سۇلار تۇرۇزلدى قانغا .
نىمە گۇنا قىلدىڭ شۇنچىلىك ..؟!
دەردىڭنى ئېيت جىمى جاھانغا !

ئەركۆز يەدە تۆرەلمەك ئىپىغىر ئىش ،
قانچە دەھشەت ئۇنەلە ياشاش .
ئۆكسۈپ ، ئۆكسۈپ سىلكىنىۋاتقان
ئىنىزى يەرگە سابىر قويدى باش .

يىردىن نىدا كەلدى : «ۋاي پەرزەنت !
تەنلىرىمنى باستى جاراھەت .
ئاتومدىنمۇ زەرەرى يامان ،
ماۋۇ بىزنىڭ يولى جاھالەت !

تىز چۆككىنىڭ تىزىراق ئۆلگىنىڭ
يادىمدا يوق سېنىڭ كۈلگىنىڭ ،
ئۆلەيارىڭ ئۆلۈش كېرەكمۇ ؟
ئارتۇق ئىمدى ئەلدىن سۆيگۈنىڭ .

سەن ساددىرنىڭ نەۋرىسى بولساڭ ،
ئازاتلىغىڭنىڭ ئاچقۇچى ئۆچەك !
ئاتومدىنمۇ - بۇۋىسىدىنمۇ ،
كۈچلۈك سېنىڭ غايەڭ ، ئىرادەڭ .

نامەرت ئاپار .. ئەلدىن كۆچىنى .
ئۆلەڭ دەمدىم ، كۆمدىم ئۈچىنى ؟
سەن ئالساڭ ئەزىزيارىڭنىڭ ،
كىم ئالدۇ ياۋدىن ئۆچىنى ؟!

كىم ئالدۇ ، سەن ئالساڭ گەر ،
ئال ئۆچىڭنى ئەگەر بولساڭ ئەر .
ئالقىنىڭدا تۇرغان ئوغلان تۇغ ،
غەزىبىڭنىڭ ئۆزى بىر خەنجەر .

قاناتىڭنى قاتۇرا پەرۋاز ،
بۈكۈرگىنىڭ تېخى بالام ئاز .
تەبىئەتنىڭ ھۆكۈمى بىر بىلەڭ ،
قارا قىشتىڭ ئارقى باھار ، ياز .

سابىر يەرنى تىلغاپ تۇردى دەس ،
قەست قىلغاننى قىلماق تۈچۈن پەس .
ئۇ ئوغلىنى تۇغ قىلىپ كۆتۈرۈپ ،
خىتاپ قىلدى ، دەپ ئۈز «دېيىترەس»!

بۇ ئاۋازدىن تەۋرەندى تارىم ،
يەتكەن چېغى دەپ ئاھۇ-زارىم .
تەگرى تاغمۇ ھۆكىردى شىردەك ،
ئاگلىسۇن دەپ قۇتلۇق دىيارىم .

ئالمۇتادىن ئا . قۇتلۇق

گېزىت باشلىقى ئارسىلان ئالپ تېكىن
باش تەھرىر پەرھات يۈرۈڭقاش
مائاۋىن باش تەھرىر شا خىلىل بوزقۇرت
گېزىتىنىڭ تۈركىيە ئىستانبۇلدىكى ئادرېسى :

Ataköy 4. Kısım T.O. Blok No. 89/5

İSTANBUL - TURKEY

Tel. : (0212) 559 83 21

ئىزاھات : گېزىتىمىزدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئاپتورلار ئۈستىدە . تەھرىراتتىن ماقالىلار قايتۇرۇلمايدۇ ۋە جاۋاپ بېرىلمەيدۇ .

Yayınlanan yazıların sorumluluğu yazarlarına aittir.Gönderilen yazılar yayınlansın veya yayınlanmasın iade edilmez.İsim zikredilmeden iktibas edilemez.

# دالاي لاما «ئو.ن.پ.ئو»نى زىيارەت قىلدى

سۈرەتلىك خەۋەر: بۇيىل ٤-ئايدا تىبەتلىكلەرنىڭ سىياسىي-دىنىي لىدەرى دالاي لاما قىسقارتىلما ئاتىلىشى «ئو.ن.پ.ئو» بولغان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتىنى زىيارەت قىلدى.



بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى ئەركىن ئالپ تېكىن دالاي لامانى قارشى ئالدى.



دالاي لاما بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ سۆھبەت زالىدا خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرى توغرىسىدا مەلۇمات بەردى.

# مۇنىخ شەھەر باشلىقى جېرىستان ئودا ئۇيغۇرلارغا ياردەم كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى

«ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى»نىڭ رەئىسى ئەركىن ئالپ تېكىن گېرمانىيىگە پاناتارتىپ كەلگەن ۋەتەنپەرۋەر شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئىلتىجاسىنى مۇناسىۋەتلىك ئىش بېجىرىش ئىدارىسىنىڭ رەت قىلغانلىقى ھەققىدە، مۇنىخ شەھەر باشلىقى جېرىستان ئوداغا مەكتۇپ سۇندى. ئەركىن ئالپ تېكىن مەكتۇپتا، بېيجىن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ زوراۋانلىققا قارشى ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ، شەرقىي تۈركىستاندا تۇرۇش ئىمكانىيىتى بولماي گېرمانىيىگە كەلگەن بۇ ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر ياشلىرى خىتايغا قايتۇرۇلسا، شۇئان تۈرمىگە سولىنىدىغانلىقى شۇندا قالا ئۇلارنىڭ ئىلتىجاسىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئودانىڭ ياردەم قىلىشىنى ئىلتىماس قىلدى.

مۇنىخ شەھەر باشلىقى ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكىنىڭ رەئىسى ئەركىن ئالپ تېكىنگە جاۋاپ خەت يېزىپ، ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئىلتىجاسىنى رەسمىيەت بويىچە قوبۇل قىلىش ئىشىغا ياردەم كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئەركىن ئالپ تېكىننىڭ تەشەببۇسى بىلەن گېرمانىيىدىكى «تىبەتنى قوللاش گۇرۇپپىلىرى» ۋە «يوق بولۇش تەھدىتى ئىچىدە قالغان مىللەتلەرنى قوغداش جەمئىيىتى» ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئىلتىجاسىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىغا يېقىندىن ئالاقە كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بۇ خەۋەر مۇنىختا چىقىدىغان ئېنگىلىزچە ژورنال «شت ئايلىق بۇلتېن»دىن ئېلىندى.

# دەھشەتلىك پاجىئە

بۇ خەۋەر، تۈركىيىدە چىقىدىغان «ئوتتۇرا شەرق» گېزىتىنىڭ ۱۹۹۴-يىل ۶-ئاينىڭ ۱۵-كۈنىدىكى خەۋىرىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى. خەۋەردە مۇنداق دېيىلىدۇ: «خىتاي يېقىنقى شەرقىي تۈركىستان لوپنۇرىدا ئېلىپ بارغان ۳۰ نەچچە قېتىملىق ئاتوم سىنىقى رادىئاتسىيە تەسىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىغىلا ئەمەس، قازاقىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق قوشنا دۆلەت خەلقىغىمۇ ئېغىر بالايى-ئاپەتلەرنى كەلتۈردى.



خەۋەردە يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: «بۇ سۈرەت دۇنيا مەتبۇئاتلىرىدا تۇنجى قېتىم «ئوتتۇرا شەرق» گېزىتىدە بېرىلدى. بۇ، خەلقئارا «ئىنسان ھەقلىرى كونفىدراتسىيونى» بىلەن «مۇھىت ئاسراش تەشكىلاتى»غا بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇپ تونۇلىدۇ.»

خەۋەرنىڭ ئاخىرىدا، ئالىملارنىڭ ئىلمىي مۇلاھىزە تەتقىقاتى نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى لوپنۇردا ئاتوم سىنىقى ئېلىپ بېرىشنى داۋاملاشتۇرسا، ۵۰ يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، شەرقىي تۈركىستان ۋە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىگە تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان ئېچىنىشلىق پاجىئەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى بايان قىلىندى.

# ۋەتەنداشلار دىققىتىگە

گېزىتىمىز تۇرۇلغاندىن بېرى ھازىرغىچە ھەمان چىقتى. گېزىتىمىز ۋەتەنداشلارنىڭ ئالقىشىغا ۋە قىزغىن مۇشتەرىلىقىغا ئېرىشىپ كەلدى. بىر نەچچە ئايدىن بېرى ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى كۆپلىگەن ۋەتەنداشلارنىڭ گېزىتىمىز ھەققىدە، تۈرلۈك قىممەتلىك خەتلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق. خەت ئارقىلىق گېزىتىمىزنىڭ ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان داۋاسىدىن مۇجاھىدلىرىمىزنى ئۆز ئارا خەۋەرلەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى مەلۇم دەرىجىدە قانائەتلەندۈرگەنلىكىدىن كۆپ خۇرسەن بولدۇق. لېكىن، دەسلەپكى تۇرۇلۇش باسقۇچىدىكى بۇ گېزىت ھەر خىل توسالغۇلاردىن خالى بولالمىغى تەبىئىي. بولۇپمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىق سەۋەبىدىن گېزىتىمىزنىڭ كېيىنكى سانلىرىنى ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ قولىغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرەلمىدۇق. بۇ ھەقتە ۋەتەنداشلاردىن كەچۈرۈم سورايمىز.

دۈچ كەلگەن توسالغۇلارنى ھەل قىلىپ، گېزىتىنىڭ داۋاملىق ۋەتەنداشلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن گېزىتىمىز ساھەبى ئارسلان ئالپ تېكىننىڭ تەستىقلىشى بىلەن مەزكۇر ساندىن باشلاپ «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان نەشرىيات مەركىزى» تەرىپىدىن نەشر قىلىش تەستىق قىلىندى. ئىشىنىمىزكى، ۋەتەنداشلارنىڭ قىزغىن ۋە سەمىمىي ياردىمى بىلەن قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارنى يېڭىپ كەتكىلى بولىدۇ.